# VI باب كىتاب (بەت) قېتى

كىتاب قېتى تېكىستىنىڭ ئوڭ تەرىپى ياكى سول تەرىپىگە قوشۇلغان بىر بۆلەك ھەرىپنى كۆرسىتىدۇ.

بىز تۆۋەندە كىتاب قېتىنى قانداق بېكىتىش ئۈستىدە سۆزلەيمىز، كونكرېت ئونۇشتۇرۇشتىن ئىلگىرى بىر نەچچە كېلىشىم تۈزىۋالايلى:

A: ئەگەر سىز ئالدىنقى بىر نەچچە بەتلەردە كىتاب قېتىنى لازىم قىلسىڭىز، سىز كىتاب قېتىنى لازىم قىلغان بەتكىچە بەت ئۈزۈش كونۇپكىسىنى باسسىڭىز بولىدۇ، ئۇ ھالدا مۇشۇ بەتنىڭ ئالدىدا كىتاب قېتى بولمايدۇ، ئاشۇ بەتتىن كىتابنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بېتىگىچە كىتاب قېتى بولىدۇ. ئالايلى، سىز ئۈچىنچى بەتتە كىتاب قېتى بولۇشنى بېكىتسىڭىز ھەم سەككىزىنچى بەتتە ئوخشاش بولمىغان مەزمۇندىكى كىتاب قېتى بولۇشنى بېكىتسىز، ئۇ ھالدا، بىرىنچى ئىككىنچى بەتلەردە كىتاب قېتى بولمايدۇ،، ئۈچىنچى بەتتىن يەتتىنچى بەتكىچە بولغان كىتاب قېتى مەزمۇنى ئۈچىنچى بەتتىكىسى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. سەككىزىنچى بەتتىن كېيىنكى بەتلەرنى كىتاب قېتى مەزمۇنى ئوخشاش بولىدۇ. ئەگەر مەلۇم تەلەپتىن سىز يەنە بىرىنچى بەتتە كىتاب قېتى بولۇشنى بېكىتسىڭىز، سىز بىرىنچى بەتنى ئۈزۈپ ئۇنى بېكىتسىڭىز بولىدۇ.

B: بىرىنچى قېتىم كىتاب قېتى بېكىتكەن چاغدا چوقۇم ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك: سىز كىتاب قېتى ئورنىنى ياخشى بەلگىلەپ ئالغاندىن كېيىن پۈتۈن كىتابنىڭ كىتاب قېتى تاللىنىپ بولغان بولىدۇ، سىزنى كېيىن بېكىتكەن كىتاب قېتىڭىزنىڭ مەزمۇنىنى ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ‌بىرىدۇ ئورنىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ.

تۆۋەندە كىتاب قېتىنى قانداق بېكىتىشنى كونكرېت تونۇشتۇرىمىز.




1.6 رەسىم كىتاب قېتى

ئالدى بىلەن ئاساسىي تىزىملىك بويىچە، سىز يوروق بەلگىنى ئاخىرىدىن سانىغاندىكى ئىككىنچى كاتەكچىگە يۆتكەپ، قايتۇرۇش كونۇپكىسىنى ئۇرسىڭىز، ئېكراندا 1.6 رەسىمدىكىدەك ئۆزگىرىش بولىدۇ.

1. ئەڭ ئاۋال يوروق بەلگە كاتەكچە 1 نىڭ ئورنىدا چاقنايدۇ. ئەگەر سىزنىڭ پۈتۈن كىتابىڭىزنى يېزىش يۆنىلىشى توغرا يۆنىلىشلىك بولسا، سىز پەقەتلا 1، 2، 3، 4، 5، 6، 7، 8، 9 كاتەكچىلەرگە بېكى-

[illegible] بولسا پەقەت 4، 5، 6 [illegible] بېكىتىلىدۇ

A: توغرا يۆنىلىشلىك بېكىتىشنىڭ تۈرلىرى

a: كاتەكچە 1، 2، 3، 4، 5، 6، 7، 8، 9 لارنىڭ ئىچىدىكى خالىغان بىرىنى تاللاش.

b: 1 ۋە 3 ياكى 7 ۋە 9 ياكى 2 ۋە 3 ۋە 7 لارنى خالىغان بىر خىلىنى تاللاش.

B: تىك يۆنىلىشلىك بېكىتىشنىڭ تۈرلىرى

a: 4، 5، 6 لارنىڭ خالىغان بىرىنى تاللاش

b: 4 ۋە 6 نى تاللاش

2. كاتەكچە Z, R, L نىڭ ئىشلىتىلىشى

كاتەكچە R, L پەقەتلا بىرىنچى قېتىملىق بېكىتىلگەن كىتاب قېشىنى ئاشۇ بېتىدە رول ئويناپ، كىتاب قېشىنى مەزكۇر كىتابنىڭ سول تەرىپىدە ياكى ئوڭ تەرىپىدە ئىكەنلىكىنى بېكىتىدۇ. رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك، L, كونۇپكىسىنى بېسىش كىتاب قېشىنى ئالدى بەلەن سول تەرەپتىن باشلانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، ئەكسىچە R كونۇپكىسىنى بېسىش ئوڭ تەرەپتىن باشلايدۇ، كېيىنكى بەتلەرنىڭ تەرتىپى ماشىنىنىڭ ئاپتوماتىك كونتروللۇقىدا ئۆزگىرىدۇ.

كاتەكچە Z تېكىست ۋە كىتاب قېشى ئارىسىدا بىر ئايرىش سىزىقىنىڭ بار يوقلۇقىنى بىلدۈرىدۇ، ئەگەر سىز Z كونۇپكىسىنى ئۇرسىڭىز، مەزكۇر سىزىقنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

3. كىتاب قېشى مەزمۇنىنى قانداق كىرگۈزۈش

ئالدى بەلەن ← ياكى ← كونۇپكىسىنى ئۇرۇپ يورۇق بەلگىنى سىز خالىغان ئورۇنغا يۆتكەپ، قايتۇرۇش كونۇپكىسى ياكى بوش كاتەكچە كونۇپكىسىنى ئۇرسىڭىز WS كىرگۈزۈش سىستېمىسىغا كىرەلەيسىز، كىرگۈزۈش ئاياقلاشقاندىن كېيىن قايتۇرۇش كونۇپكىسىنى ئۇرۇپ WS سىستېمىسىدىن چېكىنىپ چىقسىڭىز كىرگۈزۈشنى تاماملىغانلىقىڭىزنى بىلدۈرىدۇ. ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن، سىز باشقا ئورۇندىكى كىتاب قېشىنى بېكىتەلەيسىز.

4: D كونۇپكىسىنىڭ رولىنى چۈشەندۈرۈش

D كونۇپكىسى پەقەتلا بىرىنچى قېتىملىق كىتاب قېشىنى بېكىتىشكىلا رول ئوينايدۇ. بىزدە بەزىدە بىرىنچى قېتىم كىتاب قېشى ئورنىنى بېكىتىپ بولغاندىن كېيىن، خاتا بېكىتىپ قويغانلىقىمىز سىزىلىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇ چاغدا سىز D كونۇپكىسىنى ئۇرسىڭىز بولىدۇ، ئۇنىڭ ئوينايدىغان رولى شۇكى؛ ئۇ، Z, R, L ھەممە توققۇز ئورۇندىكى مەزمۇننى ھەممىسىنى چىقىرىپ تاشلايدۇ ئەگەر سىز Esc كونۇپكىسىنى ئۇرۇپ ئاساسىي تىزىملىككە قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ ھالدا، D كونۇپكىسى ئۆز رولىنى يوقىتىدۇ.

# VII باب چىقىرىش

«شىنخەن» يۇمشاق ماتېرىيالى تۆۋەندىكى رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك، ئىنتايىن ئاددىي چىقىرىش يولىغا ئىگە:

| | |
|---|---|
| 打　　印 | |
| 起始页 | 1.0 |
| 终止页 | 3.0 |
| 起始页号 | 1.0 |
| 前修饰 | |
| 后修饰 | |
| 页号位置 | |
| 打印份數 | 1.0 |

7-1 رەسىم چىقىرىش تىزىملىكى

تىزىملىك يوروق بەلگىسى «بېسىش» دېگەن جايدا چاقنايدۇ. 7-1 رەسىمدىكى ھەرقايسى مەنىلەرنى چۈشەندۈرىمىز:

1. باشلانغان بەت، ئاخىرقى بەت ۋە باشلانغان بەت نومۇرى: بىر كىتاب 100 بەتلىك بولۇشى مۇمكىن، بىراق شۇنىڭ ئىچىدىكى مەلۇم بىر نەچچە بەتنىلا قايتىدىن چىقىرىشقا رۇخسەت قىلىنغان بولسا، باشلانغان بەت بىلەن ئاخىرقى بەتنى ئېنىقلاپ، چىقىرىلىدىغان بەتلەرنى بەلگىلەش كېرەك. ئەگەر بىر كىتاب 50 بەتلىك بولسا، سىز 3-، 4-، 5- بەتلەرنىلا چىقىرىشنى ئويلىغان بولسىڭىز، باشلىغان بەتنى «3» دەپ، ئاخىرقى بەتنى «5» دەپ بېكىتىشىڭىز كېرەك. ئەگەر سىز 3-، 7-، 8- بەتلەرنى چىقارماقچى بولسىڭىز، ئالدى بىلەن باشلانغان بەت بىلەن ئاخىرقى بەتنى ئوخشاشلا «3» دەپ بېكىتىشىڭىز، چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن يەنە باشلانغان بەت بىلەن ئاخىرقى بەتنى ئايرىم ھالدا «7»، «8» دەپ بېكىتىشىڭىز كېرەك.

باشلانغان بەت نومۇرى بولسا باشقا جەھەتكە ئىشلىتىلىدۇ، بەت نومۇرى ئۇلىنىپ كەلگەن بىر كىتابنى ئىككى دانە «شىنخەن» ھۆججىتىگە بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرغان بولساق ۋە چىقىرىشتا ئىككى ھۆججەتنى بەت نومۇرىنى ئۆزئارا كىرىشتۈرمەكچى بولساق، بۇ چاغدا باشلانغان بەت نومۇرىنى بېكىتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر بىر 70 بەتلىك كىتاب ئىككى «شىنخەن» ھۆججىتىگە بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان، بىرىنچى ھۆججەت 30 بەتنى ياسىغان، ئىككىنچى ھۆججەت 40 بەتنى ياسىغان بولسا، بىز ئىككىنچى ھۆججەتنى چىقارماقچى بولغاندا، باشلانغان بەت نومۇرى «31» بولىدۇ. دىققەت: باشلانغان بەت نومۇرى ھەر بىر «شىنخەن» ھۆججىتىنىڭ بىرىنچى بېتىنىڭ نومۇرى بولىدۇ. ئۇ ھەرگىز باشلانغان بەتنىڭ نومۇرى بولمايدۇ. ئىزاھات بېرىلگەن ئەھۋالدا، باشلانغان بەت ھامان 1- بەت بولىدۇ، ئاخىرقى بەت ھامان ئەڭ ئاخىرقى بەت بولىدۇ. ئەكسىچە، باشلانغان بەت نومۇرى بولسا ھامان «1» بولىدۇ.

2. ئالدىنقى بېزەك ۋە كېيىنكى بېزەك

ئالدىنقى بېزەك بىلەن كېيىنكى بېزەك بەت نومۇرىغا قارىتا ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن، بەت نومۇرىنىڭ شەكلى «.1-» دەپ پەرەز قىلايلى، ئۇ ھالدا «-» ئالدىنقى بېزەك، «.» كېيىنكى بېزەك، «1» نىڭ ئۆزى بولسا بەت نومۇرى بولىدۇ، «شىنخەن» يۇمشاق ماتېرىيالى خالىغان شەكىلدىكى ئالدى، كەينى بېزەشلەرگە ئىمكانىيەت بېرىدۇ. يېزىق ئورنى مەشغۇلاتىنى قوللىنىپ، ئالدىنقى، كېيىنكى بېزەكلەرنى «بەلگە، چەتئەل يېزىقى، مىللىي يېزىق» قاتارلىقلارغا ئېكىتىشكە بولىدۇ. ئېكىتىشتە يورۇق بەلگىنى «ئالدىنقى (كېيىنكى) بېزەك» ئورنىغا توغرىلاپ، بوش كاتەكچە كۇنۇپكىسىنى باسقاندىن كېيىن، ئوڭ تەرەپتىكى يېزىق ئورنىدىن بېزەش مەزمۇنىنى كىرگۈزۈش كېرەك ۋە «قايتۇرۇش» قىلىپ كىرگۈزۈشنى تاماملاش كېرەك. ئىزاھات بېرىلمىگەن ئەھۋالدا ئالدىنقى، كېيىنكى بېزەكلەر ئورنى بوش-قۇرۇق بولىدۇ.

3. بەت نومۇرى ئورنى

بەت نومۇرىنى بەتنىڭ يۇقىرى، تۆۋەن ، ئوڭ، سول تەرەپلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولىدۇ، بەت نومۇرى ئورنىنى ئېكىتىشتە، ئورۇن تاللاش تىزىملىكى پەيدا بولىدۇ. چاقناق يورۇق بەلگىنى ئۆزىڭىز خالىغان ئورۇنغا يۆتكەپ كۆرسىتىپ بەرسىڭىز بولىدۇ. بوش كاتەكچە كۇنۇپكىسى بېسىلغاندىن كېيىن، بەت نومۇرى ئورنى ئېكىتىلىدۇ. ئاندىن Esc كۇنۇپكىسىنى بېسىپ، چېكىنىپ چىقىمىز. ئىزاھات بېرىلمىگەن ئەھۋالدا، بەت نومۇرى ئورنى (ئادەتتە) تۆۋەن تەرەپتىكى ئوتتۇرىدا بولىدۇ.

4. بېسىش سانى (تىراژى)

بېسىش سانى يەنە كۆپىيە سانى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئىزاھات بېرىلمىگەن ئەھۋالدا، بېسىش سانى 1 بولىدۇ، يەنى بىر بەتتىن بىرلا ۋاراق چىقىرىلىدۇ. ئەگەر بېسىش سانى 3، دەپ ئىزاھات بەرسەك، ئۇ ھالدا ھەر بىر بەتتىن 3 ۋاراقتىن چىقىرىلىدۇ.

5. بېسىش

بېسىش ھالىتى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ يۆتكەيدىن كېيىن، بېسىشقا كىرىشسەك بولىدۇ. بۇ يەردە بىز تاللايدىغان 5 كۇنۇپكا بار:

H, C, N خالىغان كۇنۇپكا، Esc بۇنىڭ ئىچىدىكى N نى باسساق، بەت نومۇرى جەزۇچە نومۇر بولىدۇ؛ H نى باسساق، بەت يۈزى ئەيىنەك شەكىللىك بولىدۇ. باشقا كۇنۇپكىلار نورمال چىقىرىشقا (يەنى ئەرەپ رەقىمى بىلەن) ئىشلىتىلىدۇ. Esc كۇنۇپكىسى چېكىنىپ چىقىشقا ئىشلىتىلىدۇ، بېسىشقا ئىشلىتىلمەيدۇ.

# «شىنخەن» نىڭ بۇيرۇق مەشغۇلاتى

1. ھەرپ نۇسخىسى تاللاش بۇيرۇقى:

~n/ n=1, 2, 3, 4

بۇنىڭ ئىچىدە 1, 2, 3, 4 ھەرپ نۇسخىلىرى ئايرىم ھالدا ئاق خەت، قارا خەت، ... دىن ئىبارەت ھەرپ (خەت) نۇسخىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. باشقىلىرى ھەرپ نۇسخىلىرىنى رەت نومۇرى جەدۋىلىدە كۆرسىتىلگەن.

2. ھەرپ نومۇرى تاللاش بۇيرۇقى:

~H(h)n/

مەزكۇر بۇيرۇق چىقىرىلىدىغان ھەرپ نومۇرىنى بەلگىلەيدۇ. مەسىلەن، ~H6/ بەلگىسى دەسلەپكى نومۇرلۇق ھەرپ (初号字) نى؛ ~h4/ بەلگىسى كىچىك 4-ھەرپ (خەت) نى بىلدۈرىدۇ.

3. قاداق سانىنى تاللاش بۇيرۇقى:

~Pn/

مەزكۇر بۇيرۇق چىقىرىلىدىغان قاداق سانىنى بەلگىلەيدۇ. مەسىلەن، ~P22/ بەلگىسى 22 قاداقلىق ھەرپ (خەت) نى بىلدۈرىدۇ.

4. دەرىجە سانىنى تاللاش بۇيرۇقى:

~Jn/

مەزكۇر بۇيرۇق چىقىرىلىدىغان دەرىجە سانىنى بەلگىلەيدۇ. مەسىلەن، ~J15/ بەلگىسى 15-دەرىجىلىك ھەرپ (خەت) نى بىلدۈرىدۇ.

5. ئۆلچەملىك تاللاش بۇيرۇقى:

~MR1, R2/

مەزكۇر بۇيرۇق چىقىرىلىدىغان ھەرپ (خەت) نىڭ كەڭلىكى ۋە ئېگىزلىكىنى بەلگىلەيدۇ (بىرلىك mm). بۇنىڭ ئىچىدە R1 بەلگىسى ھەرپ (خەت) نىڭ كەڭلىكىنى، R2 بەلگىسى ھەرپ (خەت) نى ئېگىزلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، ~M3.69, 4.7 ھەرپ (خەت) كەڭلىكى 3.69mm، ھەرپ (خەت) ئېگىزلىكى 4.7mm بولىدىغانلىقىنى بەلگىلەيدۇ.

6. سۆز (خەت) ئارىلىقى بۇيرۇقى:

~GR1, R2/

مەزكۇر بۇيرۇق سۆز (خەت) ئارىسىدىكى بوشلۇقنى بەلگىلەيدۇ. R2= (سۆز ئارىلىقى-ھەرپ ئېگىزلىكى) (سۆز ئارىلىقى-ھەرپ ئېگىزلىكى

كەڭلىكى) R1=

7. قىيسايتىش بۇيرۇقى؛

~Sn/

مەزكۇر بۇيرۇق چىقىرىلىدىغان ھەرپ (خەت)نىڭ قىيسىيىش (يانتۇلۇق) بۇلۇڭىنى n=1, 2, . . . 45 بەلگىلەيدۇ. مەسىلەن، ~S15/ چىقىرىلىدىغان ھەرپ (خەت) 15 گرادۇس قىيپاش (يانتۇ) بولىدىغانلىقىنى بەلگىلەيدۇ.

8. ئوتتۇرىغا كەلتۈرۈش بۇيرۇقى:

~^

مەزكۇر بۇيرۇق داۋامىغا ئۇلىنىپ كەلگەن يېزىقنى ئوتتۇرىغا كەلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بەلگىلەيدۇ.

9. سولغا كەلتۈرۈش بۇيرۇقى:

~L

مەزكۇر بۇيرۇق داۋامىغا ئۇلىنىپ كەلگەن يېزىقنىڭ سولغا كەلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بەلگىلەيدۇ.

10. ئوڭغا كەلتۈرۈش بۇيرۇقى:

~R

مەزكۇر بۇيرۇق داۋامىغا ئۇلىنىپ كەلگەن يېزىقنىڭ ئوڭغا كەلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بەلگىلەيدۇ.

دىققەت: C:\XHPR>DEL200 بۇيرۇقى ئەسلىگە قايتۇرۇش بۇيرۇقى بولۇپ، ئۇ، بۇيرۇقتىن ئىلگىرى تورغۇزۇلغان بەتلەرنى چىقىرىۋېتىدۇ. ئەگەر ساقلىنىۋاتقان بىرەر پارچە ھۆججەتنى تەھرىرلىمەكچى بولغاندا بۇ بۇيرۇقنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.